# 235361 - سۈت پاراشوكدىن پىتىر سەدىقىسى بەرسەم توغرا بولامدۇ؟

## سوئال

پىتىر سەدىقىسگە سۈت پاراشوكدىن بەرسەم توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

پىتىر سەدىقىسىنى ئادەتتە ئىنسان ئۆزى ياشاۋاتقان يۇرتتا كۆپ ئىستىمال قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەردىن بېرىدۇ. كۆپچىلىك كىشىلەر چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماقلىرىدا كۆپ ئىستىمال قىلىدىغان گۈرۈچ ۋە بۇغداي قاتارلىقيېمەكلىكتىن بېرىدۇ.

ئەمما سۈت پاراشوكدىن پىتىر سەدىقىسى بېرىشكە كەلسەك؛ شۇ يۇرتتا كۆپچىلىك كىشىلەر سۈت پاراشوكنى ئاساسلىق يىمەكلىك ئورنىدا ئىستىمال قىلىدىكەن ئۇ ۋاقىتتا سۈت پارشوكى بەرسە دۇرۇس بولىدۇ.

بۇ سوئالنى ئۇستازىمىز شەيخ ئابدۇرەھمان ئەلبەراكتىن (ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ئۆزى ساقلىسۇن) سورىسام، ئۇ جاۋاپ بېرىپ: "سۈت پاراشوكدىن پىتىر سەدىقىسى بېرىش توغرا بولمايدۇ، ئەمما شۇ يۇرتتىكى كىشىلەر سۈتنى ئاساسلىق يىمەكلىك ئورنىدا ئىستىمال قىلسا، ئۇ ۋاقىتتا پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن سۈت بەرسە دۇرۇس بولىدۇ، دېدى".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.